# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي

19

يەكشەنبە

维吾尔文 7 月19日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25127 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلدا قوش رېكورت يارىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شيې خۈيبىيەن**، پىراكتىكانت **خۇ شۆشەن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىخەنزە داشۆسى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى گۆچۈڭ ناھىيەسىنىڭ شىدى بازىرىدىكى يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي سورتى جيۇشىڭخې D1508، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي سورتى شىندۇڭ 53 ـ نومۇرنىڭ ئەمەلىي ھوسۇلىنى ئۆلچىدى. ئۆلچەپ بېكىتىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى: جيۇشىڭخې D1508نىڭ مو بېشى ھوسۇلى 822.1 كىلوگىرامغا يېتىپ، 2019 ـ يىلدىكى 806.76 كىلوگىراملىق بىرلىك ھوسۇل رېكورتى يېڭىلانغان؛ شىندۇڭ 53 ـ نومۇرنىڭ ئەمەلىي يىغىلغان مو بېشى ھوسۇلى 785.1 كىلوگىرام بولۇپ، 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش رېكورتىدىن 48.83 كىلوگىرام يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش رېكورتى يېڭىلانغان.

شىندۇڭ 53 ـ نومۇرنىڭ نەم ئۇن تەلىپى مىقدارى يۇقىرى، خېمىرنىڭ تۇراقلىق بولۇش ۋاقتى ئۇزاق، ئۇن پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايغا بولغان سۈپەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى

3 ـ بەتتە <<


ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

### چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى

# يەنىمۇ قاتتىق، يەنىمۇ ئىنچىكە، يەنىمۇ پۇختا بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى، تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى يېڭى بېيۈەنچۈن بازىرىنىڭ كۆكتات سودا رايونى ۋە تيانشان رايونى تىنچلىق يولى تەۋەلىك رايونىدىكى خەلق يولى جەنۇبىي مەھەللىسى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىغا كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، مال كىرگۈزۈش يوللىرى، تاۋارلارنىڭ باھاسى، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەڭشەپ تەقسىملەش، بايلىقنى بىرلەشتۈرۈش، يوللارنى كېڭەيتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مىقدارى يېتەرلىك، باھاسى مۇقىم، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. باھانى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازار باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش تۈرلۈك قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، سودىگەرلەرنى قانۇنغا رىئايە قىلىپ، سەمىمىي تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر خەلق يولى جەنۇبىي مەھەللىسىدىكى تەنتەربىيە سارىيى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئولتۇراق رايونغا كىرىپ، مەھەللە كادىرلىرىدىن ئاھالىلەرنى زىيارەت قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئائىلىدە ئايرىش مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيەسى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر تيانشان رايونى خەلق يولى جەنۇبىي مەھەللىسىدىكى تەنتەربىيە سارىيى ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كېلىپ، مەھەللە كادىرلىرىدىن ئاھالىلەرنى زىيارەت قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئائىلىدە ئايرىش مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

### ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى

## پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سائەت 0دىن 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 12گىچە، شىنجاڭ(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ھازىر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىدىن 17سى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن 23ى بار بولۇپ، ھەممىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى ئىكەن.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى دەرھال قوزغىتىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىغا قارىتا تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى ھەم ئايرىپ تېببىي كۆزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايونلارنى ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



### دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ زاراڭزا ئۇزۇش

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ جېڭىس يېزىسى جىلەنتى كەنتىدە زاراڭزا يىغماقتا. چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ بارلىق تاغلىق رايونىدا تېرىلغان 70 مىڭ مو زاراڭزا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلدى، كەنت ئاھالىلىرى دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈزدى.

□ ياڭ خۇاگۇاڭ فوتوسى

### يازنىڭ ئۈچ ئىشىغا ئاتلىنىپ كۆرەش قىلىش ئالدىراش قۇرۇلۇش قىلىش تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

## تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا پالاق كۆچەپ ئۇرۇلماقتا

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش، يازنىڭ ئۈچ ئىشىغا ئاتلىنىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈرگە تىزىش، قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، ماددىي ئەشيا يېتەرلىك بولۇش... ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش، ئاھالىلەر تۇرمۇشىنى جايىدا كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**مۇلازىمەت ئېتىز باشلىرىغىچە يەتكۈزۈلدى**

قەشقەر ۋىلايىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چىڭ كۆزلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مول ھوسۇلنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈردى. «بۇ يىل، قەشقەر ۋىلايىتىدە 3 مىليون 240 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي پۈتۈنلەي ئورۇلۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

خوتەن كەچلىك بازىرى:

## «يېمەك ـ ئىچمەك» ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئاچتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھال قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھال قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، پەرىزات ئابدۇل، زوۋېي، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن**

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سائەت 21لەردە، خوتەن كەچلىك بازىرى (خۇەنخۇ دۆكىنى)دا 90%ئورۇن خېرىدارلار بىلەن تولغانىدى. تازىلىق ئىشچىسى پاتىگۇل تۇرسۇنىياز ئۈستەللەرنى يىغىشتۇرۇپ، يەرنى سۈپۈرۈپ، ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ لوپ ناھىيەسى بويا يېزىسىنىڭ كانچى ئېرىق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، كەنت كومىتېتىنىڭ ياردىمىدە بىرىنچى قېتىم ئۆيىدىن چىقىپ خوتەن كەچلىك بازىرىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئايلىق مائاشى 3000 يۈەن ئەتراپىدا بولدى. «ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، ساياھەتچىلەر كۆپ، كىرىمىمۇ يۇقىرى، ئىش قىلغاندا تېخىمۇ كۈچكە تولىمەن» دېدى پاتىگۇل پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

پېزىلداپ ئىس چىقىپ تۇرغان يۇلغۇن كاۋىپى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قوقاس تۇخۇم، يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق خوتەن گۆش گىردىسى، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان باچكا شورپىسى، يەنە شوخ ناخشا ـ ئۇسسۇللارمۇ بار... خوتەن كەچلىك بازىرىدا سەيلە قىلغىنىڭىزدا، ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنىڭ خۇش ھىدى ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئەتراپىڭىزدا ئەگىپ، ئىشتىھايىڭىزنى قوزغايدۇ. شىنجاڭدىكى تۇردا ئالقىشلانغان چوقۇم باردىغان جايلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خوتەن كەچلىك بازىرى ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن يېقىملىققىنە قىلىپ «قەتئىي قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىغان كېچلىك ئاشخانا» دەپ ئاتالغان.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، شۇ جايىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، خوتەن كەچلىك بازىرى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپىدىلا مۇشۇنداق ئىدىيەنى تىكلىگەن. مەسىلەن، خوتەن كەچلىك بازىرى(خۇەنخۇ دۆكىنى) تاۋارلاشقان، سۈپەتلىك ماركىلاشقان يۈرۈشتۈرۈش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ھازىرغا قەدەر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 75 نامرات ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇردى، كارخانا ئۇلارنى پۈتۈن مۇساپىلىك تەربىيەلىدى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلىدى. بۇ نامرات ئاھالىلەرنىڭ بەزىلىرى كەچلىك بازاردا خىزمەتچى خادىم بولدى، بەزىلىرى ھۈنەرگە تايىنىپ ياياقتا ئاچتى، بىر قىسمىلىرىنىڭ ئايلىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىغا يەتتى.

سېرىقئاش ساتىدىغان تۇرانىسا مەمتىمىن خوتەن شەھىرىنىڭ تۇساللا بازىرى جامدا كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

### ئالتاي ـ شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى

## شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چوڭ يولى ئەڭ شىمالىي قىسمىغىچە ئۇزارتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئالتاي ـ شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ، شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چوڭ يولىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغىچە ئۇزارتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش مۆلچەرلىنىشىچە، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكتىر تورىنىڭ ئاساسىي تور رامكىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ۋە ئېنېرگىيە تەقسىملەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلىدۇ.

ئالتاي ـ شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى قاناس 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن باشلىنىپ، شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدا ئاخىرلىشىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسى، جېمىنەي ناھىيەسى ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 341 كىلومېتىر.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ **شۇ چىڭگۇاڭ**

ئۈرۈمچىدە يېقىندىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئۇدا كۆرۈلۈشى بىزگە يەنە بىر قېتىم ئاگاھ سىگنالى چالدى. يۇقۇم ئالدىدا، ھەرقانداق بىخۇدلۇق، بوشاڭلىق، ئۈرۈشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، جەزمەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

«جاھاندىكى ئىشلارنى ئىنچىكە قىلىپ، قاتتىق ئىجرا قىلغاندىلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.» يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)